# 228411 ـ ئىجتىهادى مەسىلىلەردە مەزھەپ ئىماملىرىدىن بىرىگە ئەگەشسە توغرا بولىدۇ

## سۇئال

مەن بىر قىز، سىلەرنىڭ تور بەتتىن قەسەمگە كاپارەت بېرىش توغرىسىدىكى پەتىۋانى كۆردۈم، پەتىۋادا كاپارەت ئۈچۈن پۇل بېرىش توغرا بولمايدۇ دېيىلىپتۇ، مەن بۇ پەتىۋانى ئوقۇشتىن ئىلگىرى كاپارەتنى پۇل بېرىش ئارقىلىق ئادا قىلغان ئىدىم، ئەمدى يەنە يېڭىدىن كاپارەت بېرىشىم كېرەكمۇ؟ مەن ئۇ ۋاقىتتا نەچچە پۇل بەرگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: قەسەمنىڭ كاپارىتىنى پۇل بىلەن ئادا قىلىش بولسا مەزھەپ ئىماملىرى ئىختىلاپ قىلىشقان ئىجتىهادى مەسىلىلەردىن بولۇپ، ئىلگىرى بۇ مەسىلە 124274 ـ نومۇرلۇق پەتىۋادا بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ مەسىلىدىكى كۈچلۈك قاراش كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا قەسەمنىڭ كاپارىتىنى پۇل بىلەن ئادا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيە رەھىمەھۇللاھ بۇنىڭ خىلاپىدا، پۇل بىلەن ئادا قىلىشنى دۇرۇس دەپ قارىغان.

ئىككىنچى: مەزھەب ئىماملىرى ئىختىلاپ قىلىشقان ئىجتىهادى مەسىلىلەر بولسا، ئۇ قۇرئان كەرىمدە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ مەسىلە توغرىسىدا كەسكىن ياكى شۇنىڭغا يېقىن بولغان ھۆكۈم بايان قىلىنمىغان، پەقەت مەزھەپ ئىماملىرى ئايەت ـ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ھۆكۈم چىقارغان مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىدە بىرەر مەزھەپكە ئەگەشكەن بولسا توغرا بولىدۇ، كېيىنكى ۋاقىتتا بۇ مەسىلىدە ئۆزى ئەگەشكەن مەزھەپتىن باشقا مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ قارىشىنىڭ كۈچلۈكرەك ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇ كىشى ئۆزى ئاشكارا بولغان كۈچلۈك مەزھەپ قارىشى بويىچە ئەمەل قىلىشقا يۆتكەلسە بولىدۇ، ئىلگىرىكى مەزھەپ قارىشى بويىچە قىلغان ئەمەللىرىمۇ توغرا بولىدۇ، ئۇ ئەمەللەرنى قايتا قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. مانا بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش ئىجتىهادى مەسىلىلەردىكى ئومۇمى قائىدىدۇر.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مۇشۇنداق ئىجتىهادى مەسىلىلەر قول بىلەن ئىنكار قىلىنمايدۇ، ھېچ كىشى بۇنداق مەسىلىدە ھەممە كىشىلەرنى بىر قاراشقا ئەگىشىشكە بۇيرۇمايدۇ، لېكىن بۇنداق مەسىلىدە ئىلمى دەلىللەرنى سۆزلەيدۇ، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسىنى بىلگەن كىشى شۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قاراشقا ئەگەشكەن كىشىگىمۇ

ئىنكار قىلىنمايدۇ." ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى"30-توم 80-بەت].

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مەزھەپ ئىماملىرى ئىختىلاپ قىلىشقان ئىجتىھادى مەسىلىلەرنى زىكىر قىلىپ: ئىجتىھادى ھۆكۈم بىلەن نىكاھدا ھارامىلىق بىكىتىلىنەمدۇ ياكى بىكىتىلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى بايان قىلىپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭدىكى ھەر بىر قاراشقا نۇرغۇن ئالىملار ئاۋاز قوشتى: ئىمام شاپىئى ۋە مالىكتىن بايان قىلىنغان بىر رىۋايەتتە بۇنداق قىلىشنى دۇرۇس دەپ قارىدى، ئىمام ئەبۇ ھەنىپە، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام مالىكتىن بايان قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە بۇنداق قىلىشنى دۇرۇس بولمايدۇ دەپ قارىدى. مۇشۇنداق مەسىلىدە ئىنسان ئىككى قاراشنىڭ بىرىگە ئەگەشسە دۇرۇس بولىدۇ". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 32-توم 140-بەت].

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھدىن "ئىبنى سۇرەيج مەسىلىسى"نامىدا ئاتالغان تالاق چۈشمەسلىك ئۈچۈن بەزى ئالىملارنىڭ ھىيلە بىلەن پەتىۋا بەرگەنلىك توغرىسىدا سوئال قىلىنغاندا، بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "بۇ ئىسلامدا يېڭىدىن پەيدا بولغان مەسىلە بولۇپ، ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن ۋە ياكى مەزھەپ ئىماملىرىدىن ھېچبىرى بۇ مەسىلە توغرىسىدا پەتىۋا بەرمىگەن، پەقەت كېيىنكى بىر قىسىم ئۆلىمالار پەتىۋا بەرگەن، مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپچىلىكى بۇ مەسىلىگە بېرىلگەن پەتىۋانى رەت قىلغان، بۇ پەتىۋادا بىرەر ئۆلىماغا ئەگەشكەن بولسا، كېيىن تەۋبە قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقىنى ئاللاھ تائالا كەچۈرىدۇ. يەنى تالاق چۈشمەيدۇ دېگەن بويىچە چۈشەنگەن بولسا ئايالىدىن ئايرىۋېتىلمەيدۇ." ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى"33-توم 244-بەت].

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھدىن يەنە: "كىشىلەرنىڭ بەزى مۇئامىلىلەردە جازانىدىن ئەنسىرەپ ھىيلە ئىشلىتىۋاتقانلىقى، بەزى ئۆلىمالارنىڭ بۇنداق قىلىشنى دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرگەنلىكى توغرىسىدا سورىغاندا"، ئۇنداق قىلىشنىڭ چەكلەنگەن ھارام ئىش ئىكەنلىكىگە دەلىللەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: "مەزھەپ ئىماملىرى ئىختىلاپ قىلىشقان مۇئامىلىلەر بىلەنكىشىلەرنىڭ كەسىپ قىلغان ماللىرى، يۇقىرىدا سوئالدا بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇئامىلىلەر بولسۇن، ئۇلار ئاشۇنداق چۈشەنگەن ۋەمەزھەپ ئىمامىنىڭ ئىجتىھادى ياكى بىرەر ئىمامغا ئەگىشىش ياكى ئالىملارغا ئوخشىغان كىشىلەرنىڭ قارىشى بويىچە دۇرۇس بولىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلغان بولسا ياكى ئاشۇنىڭغا بەزى ئۆلىمالار پەتىۋا بەرگەن بولسا، مۇشۇ پەتىۋالارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تىجارەت ۋە كەسىپ قىلىپ پۇل تاپقان بولسا، ئۇلارغا مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بۇ تەرىقىدە تىجارەت ۋە كەسىپ قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ تاپقان پۇلىنى مال-مۈلكىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك بولمايدۇ. ئەمما مەزكۇر مەسىلىدە ئۇلارغا دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرگەن كىشىلەر خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇ مالنى شۇ كىشىلەرنىڭ پەتىۋاسى بويىچە تاپشۇرۇپ ئالغان، لېكىن ئۇلار بۇ مەسىلىدىكى توغرا باياننى ئاڭلىغان ھامان جازانە شەكلىدىكى بۇ مۇئامىلىلەردىن قول ئۈزۈپ تەۋبە قىلىشى كېرەك بولىدۇ". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 29-توم 443-445-بەت].

بۇنداق شەكلىدىكى مۇئامىلىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ھارام دېگەن ھۆكۈمنى چىڭ تۇتىشى كېرەك، ئۇ كىشىنىڭ بۇ مەسىلىدە دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرگەن كىشىلەرگە ئەگىشىشى توغرا بولمايدۇ. دەسلەپكى پەتىۋاغا ئاساسەن كەسىپ قىلغان

ماللىرى ئۆزىنىڭ ساغلام مۈلكى بولىدۇ ئۇنىڭدىن مەلۇم مىقداردا سەدىقە قىلىپ باشقىلارغا بېرىۋېتىش كېرەك بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھدىن: پىتىر سەدىقىسىنى پۇل بىلەن ئادا قىلغان كىشى توغرىسىدا سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىگەن: "پىتىر سەدىقىسىنى پۇل بىلەن ئادا قىلغان كىشى خاتالاشقان بولىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدىن پىتىر سەدىقىسى ئادا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «كىمكى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا (يەنى ئىسلام دىنىدا) بولمىغان بىر ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

بۇخارى ۋە باشقا ھەدىس ئۆلىمالىرى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلغان ھەدىستە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى خورمىدىن ياكى ئارپىدىن ئۆچ كىلۇ ئەتراپىدا ئادا قىلىشنى كەسكىن بىكىتتى.

بەزى ئالىملار پىتىر سەدىقىسىنى پۇل بىلەن ئادا قىلىشنىمۇ دۇرۇس دەپ قارىدى. كىمكى بۇ مەسىلىدە دەلىلنى بىلمەستىن ئۇنى پۇل بىلەن ئادا قىلىشنى دۇرۇس دىگەن ئالىملارغا ئەگىشىپ پۇل بىلەن ئادا قىلغان بولسا توغرا بولىدۇ.

ئەمما پىتىر سەدىقىسىنى پەقەت يىمەكلىكتىن ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىلەرنىڭ پۇل بىلەن ئادا قىلىشنى ئاسان ۋە ئوڭاي دەپ پۇل بىلەن ئادا قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ پىتىر سەدىقىسى ئادا بولمايدۇ". ["نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى" 10-قىسىم 2-بەت].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قائىدىلەرگە ئاساسەن: سىزنىڭ ئىلگىرىكى پەتىۋالارغا تايىنىپ قەسەمنىڭ كاپارىتىنى پۇل بىلەن ئادا قىلغان بولسىڭىز، سىزدىن ئۇ ئادا بولىدۇ، ئۇ كاپارەتنى قايتا ئادا قىلىشىڭىز كېرەك بولمايدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن كيىن قەسەمگە كاپارەت بېرىشتە كاپارەتنى يىمەكلىك بىلەن بېرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.